## 604 ـ سۈننەتكە ئەگىشىشتىكى سەۋەپ

### سوئال

بىز نىمىشقا پەقەت قۇرئانغىلا ئەگەشمەستىن ، پەيغەمبەر مۇھەممەدنىڭ سۈننىتىگىمۇ ئەگىشىشىمىز لازىم ؟ نىمىشقا مۇئەييەن بىر مەزھەپكە ئەگىشىشىمىز كىرەك ؟

### تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

بىرىنچى سوئال ئىخلاسىمەن ، ئەمەلىيەتچىل مۇسۇلمانغا غەلىتە ۋە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغاندەك كۆرىنىدۇ . ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكى شۇنداق ئىنىق بولغان بىر نەرسە قانداق بولۇپ بەس ـ مۇنازىرە قىلىدىغان بىر مەسىلىگە ئايلىنىپ قالىدۇ ؟ بىراق سوئال سورالغان بولغاچقا ، ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن ، سۈننەتنىڭ مۇھىملىقىنىڭ ئاساسلىرى ۋە پرىنسىپلىرىنى ، ئۇنىڭغا ئەگىشىشنىڭ لازىملىقىنى ، ئۇنى رەت قىلغۇچىلارنىڭ ھۆكمىنى تەقدىم قىلىمىز . شۇنداق قىلىش ئارقىلىق ، شەكلەنگۈچىلەر ۋە ئۆزىنى [قۇرئانىيىن(قۇرئانچىلار)]دەپ ئاتىۋالغان ئازغۇن گۇرۇھلارغا ـ قۇرئان ئۇلاردىن ئادا ـ جۇدادۇر ـ رەددىيە بېرىمىز . خۇدا خالىسا بۇ بايانلار مەسىلىنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشىنىشنى خالايدىغان ھەرقانداق كىشىگە پايدا ئىلىپ كىلىدۇ .

سۈننەتنىڭ مۇھىملىقىنىڭ ئىسپاتى

(1) قۇرئان سۈننۈتنىڭ مۇھىملىقىنى سۆزلەيدۇ ، مەسىلەن:

(ئا) ئاللاھ دەيدۇ : كىمكى ئاللاھ ئەلچىسىگە بويسۇنىدىكەن ئاللاھقا بويسۇنغان بولىدۇ . . . [ ئاياللار 4 : 80 ] ئاللاھ پەيغەمبەرگە بويسۇنۇشنى ئۆزىگە بويسۇنۇشنىڭ بىر قىسمى دەپ سۈپەتلىدى . ئاندىن ئۇ ئۆزىگە بويسۇنۇش بىلەن پەيغەمبەرگە (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) بويسۇنۇشنى بىرلەشتۈردى : ئى مۇئمىنلەر ! ئاللاھقا بويسۇنۇڭلار ھەمدە ئەلچىگە بويسۇنۇڭلار . . . [نىسا( ئايالار) 4 : 59 ]

(ب) ئاللاھ بىزنى پەيىغەمبەرگە قارشىلىشىشتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ ، ھەمدە ئۇنىڭغا ئىتائەتسىزلىك قىلغۇچىنى مەڭگۈلۈك دوزاختا مەھكۇم قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ . ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ : پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار (دۇنيادا)چوڭ بىر پىتنىگە يولۇقۇشتىن، يا (ئاخىرەتتە) قاتتىق بىر ئازابقا دۇچار بولۇشتىن قورقسۇن . [ نۇر 24 : 63 ]

(س) ئاللاھ پەيغەمبىرگە بويسۇنۇشنى بىر دىنىي بۇرۇچ قىلدى ؛ ھەمدە ئۇنىڭغا قارشىلىشىشنى مۇناپىقلىقنىڭ بىر بەلگىسى قىلدى : (ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئ□ز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھ□كۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغىچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھ□كمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە

ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ . [ نىسا (ئاياللار) 4: 65 ]

(د) ئاللاھ بەندىلىرىنى ئۆزىگە ۋە ئەلچىسىگە ئاۋاز قوشۇشقا بۇيرىيدۇ : ئى مۆمىنلەر! الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنى تىرىلدۈرىدىغان( يەنى ئەبەدىي ھاياتقا ئېرىشتۈرىدىغان) ئىمانغا دەۋەت قىلسا، ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشۇڭلار . . .

[ ئەنفال ( غەنىمەتلەر ) 8: 24 ]

(ئي ) ئاللاھ بەندىلىرىنى يەنە بارلىق ماجرالارنى ئۇنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا سۇنۇشقا بۇيرىيدۇ : . . . ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا الله غا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار . . . [ نىسا ( ئاياللار) 4: 59 ]

(2 ) سۈننەتنىڭ ئۆزى سۈننەتنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسىتىدۇ . مەسىلەن :

(ا) تىرمىزىي ئەبۇ رافىئي ۋە باشقىلاردىن نەقىل قىلىدىكى ، پەيغەمبەر (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) مۇنداق دىگەن : مەن ، سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ مىنىڭ بۇيرۇقلىرىمنى ياكى چەكلىملىرىمنى ئاڭلىغاندا ، كارۋىتىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ : مەن بۇنى قوبۇل قىلمايمەن ؛ بىز ھىچ ئۇنداق نەرسىنى ئاللاھنىڭ كىتابىدا بايقىمىدۇق . دىيىشىنى ، كۆرۈشنى خالىمايمەن . ئەبۇ ئەيسا : بۇ سەھىيە ياخشى ھەدىيس دىگەن . [ سۈنەنى تىرمىزىي شاكىر نەشرى ، 2663 ـ گە قاراڭ ]

ئىرباد بىن سارىيە ، ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن ، نەقىل قىلىدىكى ، پەيغەمبەر مۇنداق دىگەن : سىلەرنىڭ بىرىڭلار كارۋىتىغا يۆلەنگەن ھالدا ، ئاللاھ چەكلەنگەن نەرسىنى پەقەت قۇرئاندىلا بايان قىلىدۇ دەپ ئويلامدۇ ؟ مەن سىلەرگە دەي ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ، مەن ئاگاھلاندۇرغان ، بۇيرىغان ۋە چەكلىگەن نەرسىلەر قۇرئاندىكى نەرسىگە ئوخشاش ياكى كۆپ . [ ئەبۇ داۋۇت نەقىل قىلغان ، كىتاب ئەل خىراج ، ئىمارە ۋەل فەيئى ]

(ب) ئەبۇ داۋۇت يەنە ، ئىرباد بىن سارىيە دىن نەقىل قىلىدىكى ، « ئاللاھ ئەلچىسى بىر كۈنى بىزگە نامازدا ئىمام بولدى ، ئاندىن ئۇ بىزگە بۇرۇلدى ھەمدە بىزگە قاتتىق ۋەز قىلدى . . . مىنىڭ سۈننىتىمگە(يولۇمغا ) ۋە مىنىڭدىن كىيىنكى توغرىغا يىتەكلەنگەن خەلىپىلەرنىڭ يولىغا دىققەت قىلىڭلار ، ئۇنىڭغا يىپىشىڭلار ھەمدە ئۇنى ئىزىق چىشىڭلار بىلەن چىڭ چىشلەڭلار . [ سەھىيە ئەبۇ داۋۇت ، كىتاب سۈنەن ] .

(3) ئالىملارنىڭ ئورتاق قارىشى (ئىجمائي) سۈننەتنىڭ مۇھىملىقىنى دەلىللەيدۇ .

شافىئىي مۇنداق دىگەن : مەن ساھابىلار ھەمدە تابىئىينلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاھ ئەلچىسىدىن بىر ھەدىيسنى نەقىل قىلىپ ، ئۇنى قوبۇل قىلمىغان ، ئۇنىڭغا يىپىشمىغان ھەمدە ئۇنىڭ سۈننەتلىكىنى مۇقەررەرلەشتۈرمىگەن بىرەرسىنى ئۇقمايمەن . كىمكى بۇ يولدىن ئايرىلىدىكەن پەيغەمبەرنىڭ ھەمراھلىرى ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن ئالىملارنىڭ يولىدىن ئايرىلغان بولىدۇ ، ھەمدە نادانلارنىڭ بىرى دەپ قارىلىدۇ .

(4) ئەقىل سۈننەتنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسىتىدۇ .

پەيغەمبەرنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكى بىزنىڭ ئۇ دىگەن ھەربىر نەرسىگە ئىشىنىشىمىز كېرەكلىكىنى ھەمدە ئۇ بەرگەن ھەر بىر بۇيرۇققا بويسۇنىشىمىز كېرەكلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ . ئەلۋەتتە ، ئۇ قۇرئاندىكى نەرسىلەردىن زىيادە بۇيرۇقلارنى بەردى ۋە ئىشلارنى خەۋەر قىلدى . سۈننەت بىلەن قۇرئاننىڭ ئارىسىنى ئايرىۋىتىش ، ئۇنىڭغا يىپىششىنىڭ لازىملىقى ھەمدە ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشۇشتا ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋىتىش بولسا توغرا بولمىغان ئايرىۋىتىش . ئۇ بىزگە دىگەن نەرسىگە ئىشىنىشىمىز ،

ھەمدە ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە بويسۇنۇشىمىز ۋاجىپ .

سۈننەتنىڭ مۇھىملىقىنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ھۆكمى بولسا ئۇلار كاپىرلار ، چۈنكى ئۇلار دىنىنىڭ ھەممىگە مەلۇم بولغان ھەمدە ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان قىسمىنى ئىنكار قىلدى ۋە رەت قىلدى .

سىزنىڭ ئىككىنچى سۇئالىڭىز ، مۇسۇلمان مۇئەييەن بىر مەزھەپكە ئەگىشىشى تەلەپ قىلىنامدۇ ــيوق دىگەن مەسىلىگە كەلسەك ، جاۋاپ ــ ئۇنىڭ لازىمى يوق . ھەر بىر ئادەتتىكى مۇسۇلمانغا نىسبەتەن ، ئۇنىڭ مەزھىپى بولسا ئۇنىڭ فەتىۋاچىسىنىڭ ياكى دىنى ئىشلاردا مەسلەھەت سورايدىغان ئالىمنىڭ مەزھىپى بولىدۇ ؛ ئۇ ئۆزى ئىشىنىدىغان ، تەقۋا ئالىملاردىن فەتىۋا سورىشى كىرەك . ئەگەر بىر كىشىدە قايسى دەلىل ۋە قاراشلارنىڭ كۈچلۈكرەكلىكىنى بىلەلەيدىغان يىتەرلىك بىلىم بولسا ، ئۇنداقتا ئۇ قۇرئان ۋە سۈننەتتىن ئەڭ كۈچلۈك دەلىلگە ئىگە بولغان قاراشلارغا ئەگىشىشى كىرەك . مۇسۇلمان مەشھۇر تۆت مەزھەپنىڭ بىرىگە ئەگەشسە بولىدۇ ، شەرىت ، ئەگەر ئۇ مەلۇم بىر مەسىلىدىكى ھەقىقەتنىڭ باشقا بىر مەزھەپتە ئىكەنلىكىنى چۈشەنسە ، بۇ ھالدا ئۇ ئۆزىنىڭ مەزھىپىنىڭ قارشىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ ھەقىقەتكە ئەگىشىشى كىرەك . مۇسۇلماننىڭ نىشانى قۇرئان ۋە سۈننەت ئاساسىدىكى ھەقىقەتكە ئەگىشىش . فىقھى مەزھەپلىرى بولسا پەقەتلا قۇرئان ۋە سۈننەت ئاساسىدىكى ئەھكاملارنى بىلىشنىڭ يوللىرى بولۇپ ، قۇرئان ۋە سۈننەت ئەمەس .

بىز ئاللاھتىن بىزگە ھەقىقەتنى كۆرستىشىنى ھەمدە ئۇنىڭغا ئەگىشىشكە ياردەم قىلىشىنى ، ھەمدە بىزگە ناھەقىقەتنى(باتىلنى) كۆرستىشىنى ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىشىمىزغا ياردەم قىلىشىنى سورايمىز . ئاللاھ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەدنى تەرىپلىسۇن .

پىشىۋا مۇھەممەد سالىھ مۇنەججىد